# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئايالچە كىيىم كىيىۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرەنچە كىيىم كىيىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلدى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئايالچە كىيىم كىيىۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرەنچە كىيىم كىيىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلدى
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - [نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

ئەرلەردىن ئاياللارغا ئوخشىۋالغانلار شۇنىڭدەك ئاياللاردىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغانلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىنغانلاردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەر-ئاياللارنىڭ ھەر قايسىسىنى ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان تەبىئەت، ئالاھىدىلىك بىلەن ياراتتى. ئەرلەرنىڭ تەبىئىتى يارىتىلىش، مىجەز-خۇلۇق، كۈچ-قۇۋۋەت، دىن ۋە ئىجتىمائى ئىشلاردا ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئاياللارمۇ كۆپ تەرەپلەردە ئەرلەرگە ئوخشىمايدۇ، ھەر قانداق بىر شەخس ئەرلەرنى ئاياللارغا ياكى ئاياللارنى ئەرلەرگە ئوخشاش قىلىشقا ئورۇنىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە قانۇنىغا قارشى چىققان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يارىتىش ۋە ئۇلارغا قانۇن بەلگىلەشتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تېكستتە لەنەت ئىبارىسىنى ئىشلىتىش ئازاب بايان قىلىنغان. لەنەت بولسا: ئەرنىڭ ئايالغا ۋە ئايالنىڭ ئەرگە ئوخشىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولۇشى ۋە قوغلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8905